# 20788 - نامازنى ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇش توغرىسىدا

## سوئال

خۇپتەن نامىزىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئوقۇماستىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇساق توغرا بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى دەلىل-پاكىت بىلەن چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا ﴾ تەرجىمىسى :**«ھەقىقەتەن ناماز مۇسۇلمانلارغا ۋاقتىدا ئوقۇش پەرز قىلىندى.»** [سۈرە نىسا 103-ئايەت].

بۇ ھەقتە "ناماز ۋاقتىنىڭ تەپسىلاتىنىڭ بايانى" ناملىق  9940- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ئۇچۇق بايان قىلىندى.

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى بىلەن نامازنى ۋاقتى كىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر نامازنى ۋاقتى كىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغان بولسا:

-ئەگەر قەستەن شۇنداق قىلغان بولسا، ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ، گۇناھكار بولىدۇ.

-ئەگەر قەستەن ئۇنداق قىلماستىن، ئۆز قارىشىدا نامازنىڭ ۋاقتى بولدى دەپ ئوقۇغان بولسا، ئۇ كىشى گۇناھكار بولمايدۇ، ۋاقتى كىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغان نامىزى نەپلە ناماز ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ نامازنى قايتىدىن ئوقۇشى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ۋاقتىدا ئوقۇشمۇ نامازنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ: "شەرھۇل مۇمتىئ" ناملىق ئەسىرى 2 -توم 88-بەتتىكى سۆزى ئاخىرلاشتى].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.